# 357250 ـ مەبلەغ سېلىشنىڭ هارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بېرىلگەندىن كېيىن مەبلەغ سېلىش گۇۋاھنامىسىنى توختىتىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئېلىگىرى ئالغان پايدىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

## سۇئال

ئىقتىسادى مۇئامىلىلەردە شۈبھىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى خاتالىقلار بولىشىمۇ ساغلام دەپ قاراپ ئىسلام بانكىسىغا ئامانەت قويغان ئىقتىسادنىڭ پايدىدىن بولغان نىسبىتىنى بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتىم، ئاندىن داۋاملىشىۋاتقان ھېسابقا پۇل قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك پەتىۋا ئۆزگەردى:

1–مۇشۇ بانكىدىن ئىلگىرى ئالغان پايدىلارنىڭ قالغانلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. مەن بانكىنىڭ ھېسابىنى قايتۇرۇپ، قالغان پايدىنى قۇتۇلۇپ كېتىش مەقسىتىدە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىۋەتسەم بولامدۇ ياكى پەتىۋا ئۆزگەرگەن تارىختىن باشلاپ شۇنداق قىلىمەنمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

2– مەبلەغ سېلىش گۇۋاھنامىسىنى قانداق قىلىمەن؟، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتىمەنمۇ ۋە ئۇنى قايتىدىن يېڭىلىماي تۇرىمەنمۇ؟ ياكى ئۇنى تېزدىن ئەمەلدىن قالدۇرىمەنمۇ، ئۇنىڭدا بېكىتىلگەن مۇددەتنى تولۇقلىمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ئۈستۈمگە ئالىمەنمۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

ئىسلام بانكىسى ئۆز ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمىنى قەرز ھۆججىتى ياكى جازانە شەكلىدىكى خەزىنە ھۆججىتىدە قويىدۇ ياكى تەرتىپلىك چەكلەرگە مەبلەغ سالىدۇ، بۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بانكا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمدە ئۆزدىن تەسەررۇپ قىلىشى ئەسلى، مەبلەغ سالغۇچى تەرەپتىن تەسەررۇپ قىلىشى بولسا ۋاكالىتەن بولىدۇ، بانكىنىڭ قىلىۋاتقان چەكلەنگەن مۇئامىلىنىڭ خاتالىقى ئۇلارغا بولىدۇ، هارام پايدىدىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ خاتالىق ئۇلاردىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچى:

هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى تاپشۇرۇپ ئالغان جازانە پايدىلىرىدىن سىز پايدىلانىسىڭىز بولىدۇ، ئۇنى باشقىلارغا سەرپ قىلىڭ ياكى قولىڭىزدا ساقلاپ قىلىڭ بۇ ئوخشاش. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ تەرجىمىسى: « ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى) بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن (هارام قىلدى .كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىهەت كەلگەندىن كېيىن) يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاهقا تاپشۇرۇلىدۇ». [سۈرە بەقەرە 275 ــ ئايەت].

ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنى تەيمىيە رەهىمەهۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ قارشىمىزدا شەك بولمىغان ئىش:خاتا چۈشەنچە ياكى بىلمەسلىكتىن تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىلەر .شەكسىز ئۇ بۇرۇن ئالغان نەرسىلەر بولىدۇ، قۇرئان، ھەدىس ۋە ئېتىبار-قىياس بۇنى دەلىللەيدۇ". [نۇرغۇن ئالىملارغا مۇشكىل بولغان ئايەتنىڭ تەپسىرى.2/592"].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەهىمەهۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئالغان پايدىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ گۇناھ بولمايدۇ، ياكى بىرەر ئالىمنىڭ هارام ئەمەس دېگەن پەتىۋاسىغا كۆرە ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئايرىۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ تەرجىمىسى: «كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىهەت كەلگەندىن كېيىن) يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن (يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاهقا تاپشۇرۇلىدۇ». [سۈرە بەقەرە 275–ئايەت. ئايلىق ئۇچرىشىش 67/19 ].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ پايدىلىرىدىن : ئىنسان جازانىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئالغان پايدىسى ئۇ كىشىگە هالال بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى ئۇ كىشى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئاللاهقا تەۋبە قىلىپ بۇ قىلمىشىدىن يېنىشى كېرەك. [بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى .3/377 ].

ئۈچىنچى: ئۇ كىشىنىڭ بانكا بىلەن مەبلەغ سېلىش هېسابى بولسۇن ياكى مەلۇم ۋاقىتقىچە بەلگىلەنگەن كۆۋاهنامىسى بولسۇن، بۇ بانكىغا مەبلەغ سېلىشنى توختىتىشى لازىم، گەرچە بۇ سەۋەپتىن مەلۇم مالنى زىيان تارتىسىمۇ جازانە مۇئامىلىسىدىن قېچىپ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُوسُ أَمْوَالِكُمْ لا تَظْلِمُونَ وَلا تُظْلَمُونَ تەرجىمىسى: «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر) !ھەقىقى مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە (مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار،) كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە( قېلىپ قالغان جازانىنى) يەنى ئۆسۈمنى (ئالماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئۇرۇش ئاچقان بولىسىلەر .ئەگەر جازانە قىلىشتىن (تەۋبە قىلساڭلار،) قەرز بەرگەن سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر». [سۈرە بەقەرە 278–279–ئايەتلەر].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جازانە يېگۈچى، ۋەكىل بولغۇچى، توختامنى يازغۇچى ۋە شاھىت بولغۇچىلارغا لەنەت قىلغان.» [مۇسلىم رىۋايىتى1598-ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.